هۆرمەتلىك ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى ئەزالىرى:

ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ 10-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 2022-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 4-ئاينىڭ 16-كۈنى ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى( UAA) ئەزالىرى، UAA ئىدارە ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سايلام ئېلىپ بېرىپ، 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. سايلام كومىتېت ئەزالىرى، بۇ نۆۋەتلىك سايلامنىڭ ئادىل ۋە دېموكراتىك شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، UAA نىڭ ھازىرقى ئىدارە ھەيئەتلىرى خىزمەتلىرىدىن خۇلاسىسە دوكلادى بېرىدۇ، ھەمدە UAA نىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىلىدۇ.

2022-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنى UAA سايلام كومىتېت ئەزالىرى يىغىن ئېچىپ، UAA نىڭ نىزامنامىسىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىپ، نىزامنامىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا ئاساسەن ، بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى قائىدە -نىزام ۋە كاندىداتلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆپچىلىككە ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق.

بۇ قېتىملىق سايلامدا، ئالدىنقى قېتىملىق سايلامدا قوللىنىلغان ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ، يەنى، رەئىس نامزاتلىرى ئۆزى ۋە ئۆزى تاللىغان ھەيئەتلەر گۇرۇپپىسىنى UAA ئىدارە ھەيئىتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىپ، سايلام كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. رەئىس نامزاتى ۋە ئۇنىڭ ئىدارە ھەيئەتلىرىنىڭ ئومۇمى سانى 5 ياكى 7 بولسا بولىدۇ. سايلامغا قاتناشقان UAA ئەزالىرى، رەئىس نامزىتى ۋە ئۇ تاللىغان ھەيئەت نامزاتىغا بىلەت تاشلايدۇ، بىر سايلىغۇچىدا پەقەت بىرلا بىلەت تاشلاش ھوقۇقى بولىدۇ. رەئىس نامزاتى ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بىلەن ئۆزى تاللىغان ئىدارە ھەيئىتى نامزاتلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى قوشۇپ، سايلام كومىتېتىغا يوللايدۇ، UAA سايلام كومىتېتى رەئىس ۋە ئىدارە ھەيئەت نامزاتلىرىنىڭ سالاھىتىنى، UAA نىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسلىنىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ ياكى رەت قىلىدۇ.

UAA نىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ چىقىلغان سايلام قائىدە-نىزاملىرى ۋە تەلەپلىرىگە ئۆزلىرىنى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋە يېشى 18 دىن ئاشقان ھەرقانداق بىر UAA ئەزاسىنىڭ ئۆزىنى رەيىسلىككە ياكى ھەيئەت ئەزلىقىقا نامزات قىلىپ كۆرسىتىش ھوقۇقى بار.

رەئىس نامزاتلىرىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزى تاللىغان ھەيئەت ئەزا نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش ۋاقتى مۇشۇ ئۇختۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ 2022-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى(May 16. 2022) كەچ سائەت 11:59 غىچە بولىدۇ. 2022-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى كەچ سائەت12:00 دىن كېيىن قىلىنغان ئىلتىماس قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بىرلا ئىدارە ھەيئەت كاندىداتلىقىقا قوبۇل قىلىنغان ئەھۋالدا، شۇ گۇرۇپپا (Board) سايلامدا 50 پىرسەنتتىن يوقۇرى ئاۋازغا ئېرىشكەندىلا بۇ سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ ، ئۇنداق بولمىغاندا، سايلام UAA سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن قايتا ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.

كاندىداتلارنىڭ سالاھىتى UAA نىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى شەرتلەر بويىچە بېكىتىلىدۇ:

1. ئۆزىنى رەيىسلىككە كۆرسەتكۈچى چوقۇم ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولۇشى شەرت.
2. ئۆزىنى رەيىسلىككە كۆرسەتكۈچى چوقۇم ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ سىنىقتىن ئۆتكەن ئىشەنچلىك ئەزاسى بولۇشى كېرەك.
3. ئۆزىنى رەيىسلىككە كۆرسەتكۈچى چوقۇم ئامېرىكىدا ياشىغىلى بەش يىلدىن ئاشقان بولۇشى كېرەك.
4. رەيىس ۋە بارلىق ھەيئەت ئەزا كاندىداتلىرى چوقۇم ئۇيغۇر ۋە ئېنگلىس تىللىرىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.
5. بارلىق ھەيئەت ئەزا كاندىداتلىرى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئالى مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

6. بارلىق ھەيئەت ئەزا كاندىداتلىرى شەرقى تۈركىستاندىكى ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقنى توختۇتۇش يولىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ئامانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۆرەش يوللىرىغا ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان بولىشى كېرەك.
7.خىتتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى،ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى ۋەكىللىرى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋىتى بار ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەيئەت ئەزالار كاندىداتلىقىغا سايلىنىش سالاھىتى يوق.
8. ئاتا-ئانا ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى ياكى ئالاھىدە خىزمەت ئېھتىياجىدىن باشقا سەۋەبلار بىلەن خىتايىنى ياكى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلارنىڭ ھەيھەت ئەزالار كاندىداتلىقىغا ئۆزىنى كۆرسىتىش سالاھىتى يوق.
UAA.9 ياكى دۇنيادىكى باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى پارچىلاش ياكى خىزمەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان، شۇ نىيەتتە باشقىلارغا ياردەمدە بولغان ياكى ئاكتىپ زىيانكەچلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلارنىڭ ھەيئەت ئەزالار كاندىداتلقىغا ئۆزىنى كۆرسىتىش سالاھىتى يوق.
UAA.10 ياكى دۇنيادىكى باشقا ئۇيغۇر تەشكىلات خادىملىرىنىڭ ئوبرازىبى خۇنۇكلەشتۈرۈشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان،ياردەمدە بولغان ياكى ئاكتىپ سەلبىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانلارنىڭ ھەيئەت ئەزالار كاندىداتلىقىغا ئۆزىنى كۆرسىتىش سالاھىيىتى يوق.
11.ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقوقى،ئەركىنلىكى،دېموكراتسيىسى ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا تۆھپىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك پائالىيەتلەردە سىنالغان ئۇيغۇر سىياسى يېتەكچىلىرىگە نىسپەتەن يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەرنى تەكشەشكە بولىدۇ.(چۈشەنچە: 11-ماددا ئەھۋالغا قاراپ قوللىنىلىدۇ. بۇ ماددىنى قوللىنىشتا كاندىداتنىڭ ئەھۋالى ئوبيكتىپ ھالدا مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.
ھەم بۇرۇنقى UAA تارىخىدا قوللىنىلغان ئۆلچەملەر ئاساس قىلىنىدۇ.)
ئۆزىنى رەئىس كاندىداتلىققا كۆرسەتمەكچى بولغانلار ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كىرىشكە نامزات بولغۇچىلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرىسىغا يوللىشى لازىم.

uaasaylam@lists.uyghuramerican.org

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندىن باشقا سايلام توغۇرلۇق ئۇختۇرۇشلارنى UAA سايلام كومىتېتى UAA ئەزالىرىغا قەرەللىك تۈردە ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ.
ھۆرمەت بىلەن UAA سايلام كومىتېتى.
2022-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى